# مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن ۋەيران بولغان كىشى دېگەن: قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكاتلار بىلەن كېلىدۇ يۇ، ئەمما بۇنى تىللىغان، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مال- مۈلكىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە يەنە بىرىنى ئۇرغانلىقى ئىسپاتلىنىندۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىپ بېرىلىپ (ئۆزىگە بىر نەرسە قالمايدىغان) كىشىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (مەرفۇ ھالدا) رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ۋەيران بولغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: بىزدە ۋەيران بولغان كىشى دېگەن، بىرەر تالمۇ دەرھىمى (پۇل بىرلىكى نامى) ياكى مال- ماتاسى يوق ئادەمدۇر، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن ۋەيران بولغان كىشى دېگەن: قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكاتلار بىلەن كېلىدۇ- يۇ، ئەمما بۇنى تىللىغان، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مال- مۈلكىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە يەنە بىرىنى ئۇرغان ھالەتتە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئادەمنىڭ ساۋاپلىرىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جىنايەتنى تۆلەپ بولغىچە ساۋاپلىرى تۈگەپ قالسا، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئېلىپ بۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن دەۋزەخكە تاشلىنىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن سوراپ، ۋەيران بولغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ دىدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەلۇم بولغان بويىچە جاۋاپ بېرىشىپ، بىزدە ۋەيران بولغان كىشى دىگەن، پۇللىرى ياكى مال- ماتاسى يوق پېقىر ئادەمدۇر، دىيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بايان قىلىپ دىدىكى: بۇ ئۈممەتدىن ۋەيران بولغان كىشى دېگەن: قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكاتلاردىن نۇرغۇنلىغان سالىھ ئەمەللەر بىلەن كىلىدىغان، ئەمما بۇ ئادەمنى تىللىغان، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان،بىرىنىڭ مال- مۈلكىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە يەنە بىرىنى ئۇرغان ھالەتتە كېلىدىغان كىشى بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەققىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئالالمىغانلىرىنى ئاخىرەتتە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئادەمدىن ئۇلارنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ھەقىقى ئادىل ۋە قىساس يولى بىلەن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگەپ قالسا، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن دەۋزەخكە تاشلىنىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3165